# 1996-يىلىدىكى مەزلۇم ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن
# چىن سىياسىتى ۋە ئېچىنىشلىق خەۋەرلەر.

ج. ك. پ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ى. - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئاساس قىلىپ چىقارغان ج. ك. پ مەركىزى كومىتېتى 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە مىللىي ئىشلار ئېغىر قىلىنغاندىن كېيىن، قەشقەر، ئۈرۈمچى، ئىلى، يەكەن، ئاقسۇ ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ ھەر قايسى مەسچىتلىرىدە ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن ئىلگىرى پەيدا بولغان بىر خىتاي بىر ئۇيغۇر كادىر مەسچىت ئالدىدا جۈمە ئوقۇشقا كىرگەن ئۇيغۇر كادىر، قىسىمغا چىققان ئۇيغۇر ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تىزىملاپ، بۇ تىزىملانغان مۇسۇلمانلار ئىگىلىرىنىڭ ماشىنىسى ئالدىغان كۈنلىرى ئىگىلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئىشى ھەققىدە ياكى قىسمىيە بولۇش ئالدىغا چۈشۈپ بارغاندا، تاماشا قىلىنغان «نامازنى ئوقۇغانلار ئىشى ھەققىدە ياكى قىسمىيە بولۇش مەسچىتنى ئالماسلىق» دېگەن ئىبارىنى كۆرۈپ، قورقۇپ قول ئاستىدىن قايتىشقان.

كوردا شەھرىنىڭ تارىم ... بىرلىكى ئوزگەرتىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر جىنايەتچىلەرنى 96 - يىلى 6 - ئاي ئوتتۇرىلىرىدا، بۇ غۇلجا ئوردىشىغا ئېلىپ چىققان. بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ

ئادەتتە ئىككى ھەببۇللا ئىسىملىك بىر جىنايەتچى شۇ كۈنى بېشى ئاغرىپ قورسىقى سوزۇلۇپ كېسەل بولۇپ قالغاچقا ياخشى ئىشلىيەلمىگەن. بۇنى كۆرگەن خىتاي ساقچى ھەببۇللانى قاتتىق ئۇرغانلىقتىن، ئەلەمگە چىدىمىغان ھەببۇللا ئۇ ساقچىنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋېلىپ، ئۇ ساقچىنى ۋە يەنە باشقا بىر خىتاي ساقچىنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، ئۇ ماقۇل (؟) ۋاقىتتا جىنايەتچىلەرگە: «ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلار مەن بىلەن ماڭ، قورقىدىغانلار ئۇيۇر (؟) تۈرمىگە قايت» دەپ خىتاب قىلغان. ھەببۇللا ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغانلار بولۇپ جەمئىي 12 كىشى 2 تال مىلتىق بىلەن «دخانجىلىق» مەيدانىغا باستۇرۇپ كىرىپ 10 نەچچە ساقچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، «شۇ دخانجىلىق» مەيدانىدىكى بىر ماشىنىنى ھەيدەپ 12 تال مىلتىق 3 تال تاپانچا بىلەن جەنۇبى شىنجاڭغا قاراپ ماڭغان، يول بويى نۇرغۇن خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ توقسۇ (شىخا) ناھىيىسىگە بارغاندا، قورشاۋغا چۈشۈپ جەڭ قىلىپ بۇ 12 كىشى شۇ جەڭدە قازا تاپقان.